# كۇپۇرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

بىر قىسىم ئىنسانلار مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھاياتى جەريانىدىن خەۋەرسىز، ئاڭسىز ھالدا ياشاشنى (ئىلاھى قانۇنىيەت ئاساسىدا) داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، ياراتقان ئىگىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئەقلىنى، زېھنىنى ۋە سەزگۈ قابىلىيىتىنى ئىشلەتمەستىن، ئىنكار قىلىش ئەركىنلىكىنى ئىشلىتىپ ئاللاھقا  ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

كۇپۇرنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى، يوشۇرماق ، يۆگىمەك، پەردىلىمەك دېگەن مەنالارنى بىرىدۇ. ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىكى (يارىلىتىشىدىكى) ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇ. (چۈنكى ئىنسان پىترەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ) ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ، ئەزالىرى، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلىرىنىڭ ھەربىر تالاسى تەبئىي قانۇنىيەتكە بوي سۇنغان ھالدا ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جانلىق ۋە جانسىز ھەر قانداق نەرسە بىر ئىلاھى قانۇن بىلەن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلماقتا ئىكەنۇ.. ، بۇ ئىنسانىنىڭ كۆزى ۋە ئەقلى خۇددى غۇۋا پەردىلەر بىلەن توسۇلۇپ قالغاندەك بۇ ھەقىقەتلەرگە كۆز يۇمغان ۋە ئۇنىڭغا خىلاپ چۈشەنچىدە بولۇش بىلەن بىرگە كۇپۇرنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا ئەتراپىنى تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە.

كۇپۇر، جاھالەت (بىلىمسىزلىك، نادانلىق) نىڭ ئۆزى دېمەكتۇر، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە بىردىن بىر ئىگىسى بولغان ئاللاھ تەئالانى بىلمەسلىكتىنمۇ بۈيۈك جاھىللىق ۋە نادانلىق بولماس! ئىنسان ئەتراپىدىكى تەبىئەتنىڭ چەكسىز مەنزىللىرىنى، كېچە-كۈندۈز توختىماستىن ئىشلەۋاتقان ئاجايىپ تەبىئەت مېخانىزمىنى ھەمدە كائىناتنىڭ ھەر يېرىدە ئاشكارا مەۋجۇد بولغان بۈيۈك مەۋجۇداتلارنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ بۇلارنى ياراتقان ۋە ئىدارە قىلىۋاتقان قۇدرەتلىك

ئاللاھنى تونۇماسمۇ!؟ مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئىشلەۋاتقان كەم كۆتسىز بىر ئورگانىزمدىن ئىبارەت ۋۇجۇدىنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزى خالىغان مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ. لېكىن، بۇلارنى ياراتقان قۇدرەتنى، بۇ مېخانىزمىنى سېزىپ پىلانلىغان ئىنژېنېرنى تونۇمايدۇ ۋە ياكى تونۇشقا ئىنتىلمەيدۇ. بۇنداق ئىنسانلارنىڭ جاھالەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۇرگىنى يۇرگەن.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشكە ئۇنىڭغا تولۇق قۇلچىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگۈنۈش ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلاشقا چاقىرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنسان ئاللاھنىڭ ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك نېمىتىگە كۇپۇر قىلماق، ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زۇلۇم قىلغانلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا الله زۇلۇم قىلمىدى ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى»ئال ئىمران سۈرىسى 117-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دىمەك بىزنىڭ ھاياتتا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ۋە خاتىرجەملىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمىز ئۆزىمىزنىڭ قولىدا ئىكەن، ئۇنداق بولغانىكەن، بىز نېمىشقا ئاللاھنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇپ ئۆزىمىزنىڭ ئىسلام ئۇممىتى ئىكەنلىكىمىزنى نامايەن قىلىش ئارقىلىق مەۋجۇدىيىتىمىزنى ئىسپاتلىشىمىزغا نېمە توسقۇنلۇق قىلار؟ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:« ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى الله نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى الله ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، الله بىرەر قەۋمنى ھالاك

قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان الله تىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ» رەئد سۈرىسى 11-ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ئاللاھ ھەممىمىزنى جۇملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنى توغرا يولغا يىتەكلىشىنى ۋە ئۆز رەھمىتىگە ئىلىشىنى سورايمەن.